# رەببىڭلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟»دېدى، ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«بەندىلىرىمنىڭ بەزىلىرى ماڭا ئىشىنىپ ۋە ماڭا كاپىر بولۇپ تاڭ ئاتقۇزدى

زەيد بىن خالىد جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان ھەدىستە ئۇ كىشى مۇنداق دەيدۇ:
پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدە يامغۇر ياققان كېچىسى ئەتتىگەندە بىزگە بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بېرىپ، نامازدىن كېيىن كىشىلەرگە يۈزلىنىپ مۇنداق دېدى:«رەببىڭلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟»دېدى، ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«بەندىلىرىمنىڭ بەزىلىرى ماڭا ئىشىنىپ ۋە ماڭا كاپىر بولۇپ تاڭ ئاتقۇزدى، ئەمما ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن يامغۇرغا ئېرىشتۇق دېگەنلەر ماڭا ئىشەندى ۋە يۇلتۇزلارغا كاپىر بولدى، ئەمما پالانى يۇلتۇز پالانى جايغا كەلگەندە يامغۇر ياغدۇ دېگەنلەر ماڭا كاپىر بولدى ۋە يۇلتۇزغا ئىشەندى»دېدى.
[تېكىست توغرا] [بىرلىككە كەلگەن]

پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مەككىگە يېقىن بولغان جايدىكى ھۇدەيبىيە دېگەن جايدا كېچىدە يامغۇر ياققاندىن كېيىن ئەتتىگەندە بامدات نامىزىنى ئوقۇدى. نامازنى ئادا قىلىپ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن كىشىلەرگە يۈزلىنىپ ئۇلاردىن سورىدى: «رەببىڭلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟»دەپ سورىدى. ئۇلار: ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىلگۈچىدۇر دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا يامغۇر ياغقاندا ئىنسانلارنىڭ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ؛ بىر قىسمى مۇئمىن، يەنە بىر قىسمى كاپىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئەمما: ئاللاھنىڭ پەزلى ۋە رەھمىتى بىلەن يامغۇرغا ئېرىشتۇق دەپ يامغۇرنىڭ چۈشكەنلىكىنى ئاللاھ تائالاغا نىسبەت بەرگەنلەر ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتنى ياراتقۇچى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىرىنى تەسەررۇپ قىلغۇچى ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ۋە يۇلتۇزلارنى ئاللاھنىڭ ئىشلىرىغا شېرىك قىلمىغانلاردۇر. ئەمما: پالانى يۇلتۇز پالانى جايغا كەلگەندە يامغۇرغا ئېرىشىمىز دېگەنلەر ئاللاھ تائالاغا كاپىر بولغۇچى ۋە يۇلتۇزلارغا ئىشەنگۈچىدۇر، يامغۇرنىڭ يېغىشىنى يۇلتۇزلارغا نىسبەت بېرىش بولسا كىچىك شېرىكتۇر. ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئاللاھ تائالا شەرىئەتتىمۇ ۋە تەقدىرىدىمۇ يۇلتۇزنى يامغۇرنىڭ يېغىشىغا سەۋەپ قىلمىدى. ئەمما يامغۇرنىڭ يېغىشىنى ۋە زېمىندا يۈز بەرگەن باشقا ھادىسىلەرنى يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزىۋۇقتا ھەرىكەتلىنىشى ۋە چۈشۈپ كېتىشىگە نىسبەت بېرىپ، يۇلتۇزنى بۇنىڭ ھەقىقى قىلغۇچىسى دەپ ئېتىقاد قىلسا ، ئۇ كىشى ئىسلامدىن چىقىپ كېتىدىغان ھەقىقى كاپىر بولىدۇ.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/65010

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY

لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee